
UYGHUR COMPUTER CLUB
ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى تور ژورنىلى
http//:www.xjprgfan.com
windows ھەققىدە رىۋايەت (3)
iPhone نىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى
توردا ئىشلەيدىغان Photoshop ئېلان قىلىنماقچى
كىنو ۋە ناخشىلارنى DVD پلاستىنكىسىغا ئويۇش دەرسلىكى
Google نى ئىشلىتىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە خاككېرغا ئايلىنىش
تەھرىر: سەزگۈر
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئادىل
2007
7-8
قوشما سانى
شىنجاڭ پروگراما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى

# مۇندەرىجە

## ☆كومپيۇتېر خەۋەرلىرى☆


توردا ئىشلەيدىغان Photoshop ئېلان قىلىنماقچى.......................................سەزگۈر 2

iPhone نىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى...........................................................سەزگۈر 3

جۇڭگو تىبەت تىلى كومپيۇتېر تېخنىكىسى زور بۆسۈشكە ئېرىشتى...........................سەزگۈر 5

3G تورىنى قوللايدىغان iPhone 11-ئايدا تارقىتىلماقچى...................................سەزگۈر 7

5 سائەت توك قاچىلىسا 500ئىنگلىزمىلى يول يۈرگىلى بولىدىغان ماشىنا...............سەزگۈر 9

ۋاكىيى ئېلىخەتلىرى چەكسىز سىغىمغا كۆتۈرۈلدى.............................................سەزگۈر 10

يېڭى نۇسخىدىكى iPod Nano نىڭ سەزگۈچ ئېكرانى.........................................سەزگۈر 11

Gpay پاتېنتى Google نىڭ يان تېلېفون ساھەسىدىكى مەيدانىنى ئىسپاتلىدى.......سەزگۈر 13

Google يېقىندا PowerPoint ۋە Wiki قورالىنى ئېلان قىلىشى مۇمكىن...................سەزگۈر 14

Core 2 Duo E4600 نىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتى ۋە سېتىلىش باھاسى........................سەزگۈر 15

Seagate شىركىتى تۇنجى TB1 لىق شىفىرلىنىدىغان قاتتىق دىسكىنى ئېلان قىلدى.....سەزگۈر 17


## ☆يۇمشاق دېتال سالونى☆


كىنو ۋە ناخشىلارنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئويۇش دەرسلىكى(1-قىسىم)...................يۇسۇپجان 18

كىنو ۋە ناخشىلارنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئويۇش دەرسلىكى(2-قىسىم)...................يۇسۇپجان 26


## ☆ خاككېرلار رىۋايىتى ☆


Google نى ئىشلىتىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە خاككېرغا ئايلىنىش.......................خىيال 37


## ☆ ئەپچىل چارىلەر ☆


خەنزۇچە Windows XP نى ئىنگلىزچە XP غا ئۆزگەرتىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى.........خىيال 41



## ☆ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن☆


windows ھەققىدە رىۋايەت(3)...........................................................بورتالا ئوغلى 43

# كومپيۇتېر خەۋەرلىرى

## Adobeنىڭ Web ئاساسىغا قۇرۇلغان Photoshop مەھسۇلاتى يېقىندا ئىشقا كىرىشىدۇ

Adobe شىركىتى ھازىر ئۆزىنىڭ بىر تۈرلۈك Photoshop Express تور مۇلازىمىتىنى تەتقىق قىلىشۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. يەنى، بىر ھەقسىز، ئاددىي نەشرىدىكى توردا رەسىم تەھرىرلەش-بىر تەرەپ قىلىش قورالى يېقىندا توردا بىز بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچى.




بۇ تۈرلۈك يۇمشاق دېتال بۇ يىل بېشىدىراق تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ Google Picasa بىلەن بىۋاستە رىقابەتلەشكۈدەك، ھەمدە ئۆز پۈتۈنلەيي Flash ئۈستىگە قۇرۇلغان مەھسۇلات.

Express ھەرقانداق Adobe يۇمشاق دېتالنىڭ ئورنىنى ئالمايدۇ، ھەم شىركەت يۇمشاق دېتالنىڭ سېتىلىشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، سېلىشتۇرغاندا، Photoshop نىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان ئىقتىدارلىرى توردىكى نەشرىگە قارىغاندا خېلىلا كۈچلۈك بولىدۇ.

Photoshop Express يەنە نۇرغۇن توردىكى فىلىم ۋە رەسىم تور بېكەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئەسەرنى ساقلاپ ۋە ئېلان قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: Photobucket,YouTube قاتارلىقلار...

Adobe نۆۋەتتە تېخى تەپسىلىي ئېلان قىلىنىش ۋاقتىنى ئاشكارىلىمىدى.

## iPhone نىڭ باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلـــــــــــــپ ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 دوللار چۈشتى

ئالما شىركىتى باش ئىجرائى ستېۋ جوبس iPod Touch نى تونۇشتۇرغاندا iPhone نىڭ باھاسىنىڭ زور دەرىجىدە چۈشۈرۈلگەنلىكىنى،چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 دوللارغا يېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى!




بۇنداق بولغاندا iPhone 8G نىڭ باھاسى پەقەتلا 399 دوللار بولىدۇ،ئەڭ يېڭى iPod Touch دىن پەقەت 100 دوللارلا قىممەت.لېكىن بۇ قېتىمقى باھا چۈشۈرۈش پەقەت GB8 لىق نۇسخىسىغىلا ئىناۋەتلىك.بۇنىڭدا 8GB لىقنىڭ باھاسى ئەكسىچە 4GB لىقتىن تۆۋەن بولىدۇ،بۇ ئالما شىركىتىنىڭ iPhone 4G نى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

ئىلگىرى،iPhone نىڭ سېتىلىش باھاسى 499 ۋە 599 دوللار ئىدى،بۇ قېتىمقى باھا تۆۋەنلىتىش

بارلىق ئەڭ ئاخىرقى ئابونتلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ،تېخى ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا ئۇلار تېخى 200 دوللارنى ئارتۇق خەجلىگەن.

ئالما شىركىتى iPhone ماركىلىق دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفوننى 2007-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى ئامېرىكىدا تۇنجى بازارغا سالغان بولۇپ،ھازىر كەڭ ئومۇملىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ.




ئالما شىركىتى iPhone ماركىلىق دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق يانفونى

# جۇڭگو تىبەت يېزىقى كومپيۇتېر قوللىنىش تېخنىكىسى زور بۆسۈشكە ئېرىشتى

ئىككى يىلغا يېقىن تىرىشىش ئارقىلىق،بېيجىڭ بېيدا فاڭجېڭ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى قاتارلىق ئورگانلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېڭى بىر ئەۋلاد تىبەت يېزىقى مەتبەئە سىستېمىسى،تىبەت يېزىقىنى كومپيۇتېردا كىرگۈزۈش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ،جۇڭگو تىبەت تىلى رايونلىرىدىكى كومپيۇتېر قوللىنىش سەۋىيىسىنى بىر سەكرەپلا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزدى.بۇ مۇھىم پەن-تېخنىكا مېۋىسى يېقىندا بېيجىڭدا تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى.

تىبەت يېزىقىدا يۇمشاق دېتال ئېچىش بولسا ئۇچۇر مىنىستىرلىكى تۇرغۇزغان مەخسۇس تۈرلۈك پەن-تەتقىقات تېمىسى.ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە،فاڭجېڭ ئېلېكترونىنىڭ باشلامچىلىقىدا،فاڭجېڭ يېڭى زېمىن يۇمشاق دېتال ئېچىش شىركىتى ۋە شىزاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتناشقان تەتقىقات گۇرۇپپىسى بىر قاتار دۇنياۋى سەۋىيىدىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى يېڭىپ،مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېڭى بىر ئەۋلاد تىبەت يېزىقىدىكى مەتبەئە سىستېمىسى،Windows سۇپىسىغا قۇرۇلغان تىبەت يېزىقىدىكى تور كۆرگۈچ ۋە تور بەت ياساش قورالى،تىبەت يېزىقى يۈلتۈزى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقاردى.تۆر باھالاش-تەستىقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ قارىشىچە،بۇ 3 خىل تىبەت يېزىقى يۇمشاق دېتالىنىڭ ھەر تۈرلۈك باھا كۆرسەتكۈچى دەسلەپكى دەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن.

فاڭجېڭ ئېلېكترونى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە،تىبەت يېزىقىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ،تېخنىكا قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى،مەبلەغ ۋە بازارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ،جۇڭگو تىبەت يېزىقى مەتبەئە سىستېمىسى ئۇزۇن مۇددەت قالاق DOS دەۋرىدە تۇرۇپ قالغان بولۇپ،ئىلغار كومپيۇتېرلار تېخنىكىسىغا ماسلىشالمايلا قالماستىن،بەلكى يەنە بەت ياساش،نەشر قىلىش ۋە تور بەت ياساش قاتارلىق تەرەپلەردە تىبەت

يېزىقىدىكى يۇمشاق دېتالنىڭ قوللىشى كەمچىل ئىدى.بۇ خىل تېخنىكا بوغۇشىنىڭ تەسىرىدىن،تىبەت تىلى رايونلىرى تىبەت يېزىقىدىكى تور بېكەتلەرنى تەستە قۇرۇپ،ئۇچۇرلاشقان دەۋرنىڭ «تەنها ئارال» لىرىغا ئايلانغان ئىدى.

يېقىنقى بىر ئەۋلاد تىبەت يېزىقىدىكى مەتبەئە سىستېمىسى ئەڭ يېڭى تىبەت يېزىقى ھەرپلىرى كود ئۆلچىمىنى قوللايدىغان بولۇپ،تىبەت گىراماتىكىسى ۋە بەت ياساش قائىدىسىگە ماس كېلىدۇ،خەنزۇچە،تىبەتچە،غەربچە يېزىقلارنى ئارىلاش بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ 3 خىل تىبەت يېزىقىدىكى يۇمشاق دېتالنىڭ ياردىمىدە،جۇڭگو تىبەت تىلى رايونلىرى ئەڭ ئىلغار كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسى يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلىتىپ،تىبەت يېزىقىدىكى ئېلېكترون مەتبەئە سەۋىيىسىنى خەنزۇچە مەتبەئە تېخنىكىسى بىلەن ماس قەدەمدە ماڭالايدۇ،بۇنىڭ بۇ جايلارنىڭ ئىقتىساد،جەمئىيەت،مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ئەھمىيىتى بار.

## 3G تورىنى قوللايدىغان *iPhone* بۇ يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنى گېرمانىيەدە تۇنجى تارقىتىلىدۇ

گېرمانىيە تېلېگرافى T-Mobile نىڭ بىر پارچە تەشۋىقات ئېلانى يېقىندا توردا ئەۋج ئېلىپ،پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان iPhone نىڭ گېرمانىيەدە بازارغا سېلىنىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى،T-Mobile نۇسخىسىدىكى iPhone بولسا UMTS/HSDPA ئۆلچىمىدىكى 3G/3.5G WCDMA تورىنى قوللايدۇ،ئەڭ يۇقىرى ئۇچۇر يەتكۈزۈش سۈرئىتى 3.6Mbps قا يېتىپ،نۆۋەتتىكى ئامېرىكا نۇسخىسىدىكى iPhone نىڭ تور چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تورغا چىقىش سۈرئىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.ئۇنىڭدىن باشقا،گېرمانىيە نۇسخىسىدىكى iPhone غا 16GB لىق ئىچكى ساقلىغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ،تېخى يېقىندىلا ئېلان قىلىنغان 16GB touch iPod بىلەن

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

ئوخشاشكەن.




ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گېرمانىيە نۇسخىسىدىكى iPhone نىڭ سېتىلىش باھاسى 499 ياۋروغا يېتىدىكەن، لېكىن iTunes مۇزىكا بازىرىنىڭ ئېتىبار بېلىتى قوشۇپ بېرىلىدىكەن. T-Mobile شىركىتى iPhone ئۈچۈن L، XL، XXL قاتارلىق 3 خىل ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى تەييارلىغان بولۇپ، ھەممىسى چەكلىمىسىز تورغا چىقىش، ھەر ئايدا 400/300/200 مىنۇتلۇق ھەقسىز تېلېفونلىشىش ھەققى، 200/150/100 دانە ھەقسىز قىسقا ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى ھازىرلىغان بولۇپ، ئايلىق ئىجارىسى 69.95/59.95/49.95 بولىدىكەن.

گەرچە ھېچقانداق رەسمىي خەۋەر ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن T-Mobile ئاللىقاچان ئومۇمیۈزلۈك ھالدا iPhone نىڭ گېرمانىيىدىكى تىجارەت سودا ھەمكارلاشقۇچىسى دەپ قارىلىپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن iPhone چىقىرىدۇ دەپ پەرەز قىلىندى.




# ئامېرىكىدىكى بىر شىركەت يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپ چىقاردى 5 مىنۇت توك قاچىلىغاندىن كېيىن 500 ئىنگىلىز مىلى يول يۈرگىلى بولىدىكەن

ئامېرىكا تېكساس شىتاتىغا جايلاشقان بىر شىركەت يېقىندا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى باتارېيە تېخنىكىسىدىكى ئاپتوموبىلنى تەتقىق قىلىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلىپ،پاتېنت ئېلان قىلدى.(پاتېنت نومۇرى No. 7,033,406 )

بۇ ئاپتوموبىل «كۆلمىسە كۆلمەيدۇ،كۆلسە تېلىقىپ قالىدۇ» دېگەندەك 5 مىنۇت توك قاچىلىسىلا باشقا ھېچقانداق يېقىلغۇنىڭ ھاجىتىسىزلا 500 ئىنگىلىزمىلى يول يۈرەلەيدىكەن،ئەمەلىيەتتە توك قاچىلىغلى بولىدىغان ئاپتوموبىل تېخنىكىسى ئاللىبۇرۇن مەيدانغا كەلگەن،لېكىن ئەڭ ياخشى نەتىجە 1 كېچە توك قاچىلىغاندا ئاران 50ئىنگىلىز مىلى يول يۈرۈش بولۇپ كەلگەن،بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلاتى بىر چاقچاقمۇ ياكى راستمۇ كېيىنكى ئەھۋالغا قاراپ باقساق بىلىمىز.

تۆۋەندىكىسى شىركەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خەۋىرى ئادرېسى:

http://www.technewsworld.com/rsstory/59155.html

# ۋاڭيى شىركىتى چەكسىز سىغىمدىكى ھەقسىز ئېلخەت ساندۇقىغا 10-سېنتەبىر كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى

يېقىندا ۋاڭيى شىركىتى بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مەزگىلىدە،ۋاڭيى شىركىتى قارمىقىدىكى بارلىق ئېلخەت سىستېمىلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدىكى نەشر كۆتۈرۈش ئېلىپ بېرىپ،رەسمىي تۈردە چەكسىز سىغىمدىكى ھەقسىز ئېلخەت ساندۇقى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى،ھەمدە بىر قىسىم سادىق قوللىغۇچىلىرىغا ئېلخەتنى قىسقا ئۇچۇر ئارقىلىق مەلۇم قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.ۋاڭيى شىركىتىنىڭ بۇ قېتىمقى چەكسىز سىغىم پائالىيىتى ئۆز قارمىقىدىكى ئۈچ چوڭ ئېلخەت ماركىسىغا پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ(يەنى 163 ئېلخېتى،126 ئېلخېتى ۋە Yeah ئېلخېتى )،تىزىملاتقان 220 مىليون ئابونت بۇ مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ۋاڭيى شىركىتى 1998-يىلى ئاۋۋال دۇنيادىكى تۇنجى خەنزۇچە يېزىقتىكى ئېلخەتنى چىقارغاندىن بېرى،ئۇزۇن مەزگىل جۇڭگو ئېلخەت ساھەسىدىكى مونوپۇل ئورنىنى ئىگىلەپ تىزىملاتقان ئابونت سانى 220 مىليونغا يېتىپ،جۇڭگو ھەقسىز ئېلخەت ساھەسىنىڭ 50% تىن ئارتۇق بازار سوممىسىنى ئىگىلەپ دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك،ئەڭ چوڭ خەنزۇچە ئېلخەت تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ قالغان.كەسپىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ كۆرسىتىشىچە،«ۋاڭيى شىركىتىنىڭ 10 يىللىق ئېلخەت ئېقىمى تەجرىبىسى ئارقىسىدا،سانسىز ئابونتلار دەرىجىسىدىكى ئېلخەت سىستېمىلىرى بارغانسېرى ئابونتلارغا پىششىق بولۇپ،ۋاڭيىنى جۇڭگودىكى ئابونتلارنىڭ ئىشلىتىش ئادىتىنى ئەڭ چۈشىنىدىغان،جۇڭگو ئابونتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەڭ ماسلىشالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن.»

بۇنىڭدىن باشقا،خەلقئارادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى كاباسجى ۋىرۇس يوقىتىش ماتورى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئەخلەت ئېلخەتكە قارشى تۇرۇش تېخنىكىسى ئىشلەتكەنلىكتىن،ۋاڭيى ئېلخەتلىرىنىڭ ئەخلەت ئېلخەتلەرگە ۋە ۋىرۇسقا بولغان ئۈنۈملۈك توسۇشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 98% ۋە 99.85% كە يېتىپ،ئالاھىدە كۈچلۈك بىخەتەر تۇراقلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.بۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى


سىرت،ۋاكيى ئىلخەتلىرى يەنە Ajax تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ،بەت ئىنكاس ۋاقتىنى يۇقىرى سۈرئەتتە ئازايتىپ،يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىلخەت بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىغا ماسلىشىپ،ئابونتلارنىڭ كۈتۈش ۋاقتىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئازايتقان.

ۋاكيى شىركىتىنىڭ CEO سى دېڭ شى ئەپەندى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:«ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى،تور ئابونتلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تور قوللىنىش ئېھتىياجلىرىدىن بىرى؛ياخشى ئىلخەت،ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ۋە تەڭ بەھرىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ--بۇ دەل ۋاكيى شىركىتىنىڭ ئۈزۈن مۇددەتلىك تىرىشىش يۆنىلىشى.ۋاكيى شىركىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چەكسىز سىغىمدىكى ھەقسىز ئىلخەت چىقىرىشى،دەل جۇڭگو تور ئاھالىسىنىڭ ئالاقىلىشىش تەلپىنى قاندۇرۇش،جۇڭگو ئىلخەت ئابونتلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش تەسىراتىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن؛ئىلغار تور تېخنىكىسى ئارقىلىق ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.»


## يېڭى نۇسخىدىكى iPod نىڭ سەزگۈچ ئېكرانىنىڭ كەسمە رەسىملىرى ئېلان قىلىندى

يېڭى نۇسخىدىكى iPod ناھايىتى تېزلا خەۋەردىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندى،تۆنجى تۈركۈمدىكى سەزگۈچ ئېكرانلىق iPod بولۇش سۈپىتى بىلەن،ئۇ 3.5 ئىنگلىز سۇڭلىق ئېكران(ئېنىقلىق دەرىجىسى x240320) ۋە 1.8 ئىنگلىز سۇڭلۇق قاتتىق دىسكىغا ئىگە(ئەڭ يۇقىرى سىغىمى GB120).

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە iPod يېڭى نەشرىدىكى nano نىمۇ تارقاتماقچى،ئۇنىڭ سىغىمى GB12 دىن GB18 غىچە،ئاۋۋال مەشغۇلات يۈزىنىڭ كەسمە رەسىملىرىنى كۆرۈپ باقايلى،نېمىدېگەن پەيزى ھە؟!


Music
Cover Flow
Artists
Albums
Songs
Composers
Music Videos
Audiobooks
Search
Cover Flow
Love
The Beatles
The Beatles
Across the Universe
Love
1 of 23


Events
Family Gathering
January 1-3, 2007
Events
Balloon Days
March 15, 2007
Events
Balloon Days
March 15, 2007
Events
Spirals
March 20-30, 2007




## Gpay پاتېنتى مەيدانغا چىقىپ Google نىڭ كۆچمە تېلېفون بازىرىدىكى مەيدانىنى يەنە ئىسپاتلىدى

يېقىندىن بۇيان Google نىڭ كۆچمە تېلېفون ساھەسىگە كىرىدىغانلىق خەۋىرى ئۈزۈلمەي تارقىلىپ يۈرىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىسى ئاتالمىش GPhone مەركەز قىلىنغان خەۋەرلەر بولۇپ قالدى. ھازىر يېڭى بىر پاكىت Google نىڭ كۆچمە

تېلېفون بازىرىغا قىزىقىۋاتقانلىقىغا بىر-ئىككى كۈن بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.يېقىندا بەزىلەر Google نىڭ SMS قىسقا ئۇچۇرى ئارقىلىق ھەق تۆلەيدىغان پاتېنتنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنى بايقىغان.بۇ تۆرلۈك پاتېنتنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

بىر كومپيۇتېرغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان توردا پۇل تۆلەش سۈپىتى.بىر مۇستەقىل مۇلازىمېتىر ئارقىلىق سېتىۋېلىش مىقدارى ۋە سېتىۋالماقچى بولغان مەھسۇلات ئۇچۇرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزىق ئۇچۇرى يوللاپ،مەلۇم بىر تاۋارغا ھەق تۆلەش ئىلىپ بېرىلىدۇ.ئاندىن ھەق تۆلەش ئۇچۇرى پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ مۇلازىمېتىرىغا بېرىپ،ساتقۇچىنىڭ پۇلنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى جەزىملەشتۈرۈلىدۇ.

## Google بەلكىم يېقىندا ئۆتكۈزۈلىدىغان Office 2.0 چوڭ يىغىنىدا PowerPoint ۋە Wiki قورالىنى ئېلان قىلىشى مۇمكىن

خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ ھەپتە سان فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلىدىغان Office 2.0 ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا توردا پرويېكسىيە ھۆججىتى كۆرۈش پروگراممىسى ۋە wiki قورالىنى ئېلان قىلىدىكەن.بۇ ئىككى تۆرلۈك ئېلان قىلىنماقچى بولغان مەھسۇلاتى بىلەن،Google ئاللىقاچان ئابونتلارغا پۈتۈن يۈرۈشلۈك ھەقسىز Office يۇمشاق دېتاللىرىنى تەمىنلىيەلەيدۇ.بۇ Google نى مىكروسوفتنىڭ Office بىلەن بىۋاستە رىقابەتكە سالىدۇ.

Google ئۆتكەن يىلقى Office 2.0 چوڭ يىغىنىدا Docs ۋە Spreadsheet نى ئېلان قىلغان ئىدى،ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىكروسوفتنىڭ Word ۋە Excel دېتاللىرىغا قارىتىلغان ئىدى.Google ئىلگىرى Tonic

Systems نىڭ تېخنىكىسىنى ئىشلىتىپ PowerPoint قا ئوخشاش يۇمشاق دېتال ئىشلەيدىغانلىقىنى،بۇ يۇمشاق دېتال بەلكىم كېلەر يىلى يازدا تارقىتىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى.شۇڭلاشقا بەزىلەر Google نىڭ بۇ يىلقى Office 2.0 يىغىنىدا بۇ ئىككى يېڭى قوللىنىشچان پروگراممىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

## Core 2 Duo E4600 نىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتى ۋە سېتىلىش باھاسى

خەۋەرلەرگە قارىغاندا،Intel شىركىتى كېلەر ئاينىڭ ئاخىرىدا يېڭى بىر خىل تېرمىنال تىپىدىكى مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچ Core 2 Duo E4600 نى بازارغا سالماقچى،بىراق كەم دېگەندە كەلگۈسى ئىككى ئاي ئىچىدە،Intel ئۇستەل يۈزى مەركىزى بىر تەرەپ قىلغۇچلىرىنىڭ باھاسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىكەن.

Core 2 Duo E4600 چاستوتىسى GHz2.4 گە كۆتۈرۈلگەندىن تاشقىرى،باشقا ئۆلچىمى ئىلگىرىكى E4500، E4400، E4300 لار بىلەن بىردەك،مەسىلەن 65 نانومېترلىق ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتى،MHz800 لىق ئالدى ئۇچلۇق باش سىم،MB2 ئىككىنچى دەرىجىلىك ساقلىغۇچ،W65 لىق لايىھە بىسىم سەرپىياتى قاتارلىقلار

مۆلچەرلەشلەرگە ئاساسلانغاندا E4600 بۇ يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى بازارغا

سېلىنىدىكەن،ئىنتىل تەرەپنىڭ باھاسى 129 دوللار بولۇپ، E4000 يۈرۈشلۈك يۇقىرى ئۇچلۇق تىپقا ئايلىنىپ E4500 نىڭ ئورنىنى ئالىدىكەن،لېكىن E4500 نىڭ باھاسى 129 دوللاردىن 109 دوللارغا چۈشۈرۈلىدىكەن.ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى،بۇ ئىنتىل ئۆستەل يۈزى يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى بىردىنبىر باھا ئۆزگەرتىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا،نۆۋەتتە بازاردا كەڭ تارقىلىۋاتقان بىر قىسىم ئاتالمىش Core 2 Duo E4600 لار گەرچە قارىماققا ئوپمۇئوخشاش تۇرغىنى بىلەن،لېكىن باھاسى تۆۋەنرەك،لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەممىسى ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن ساختا مەھسۇلاتلار،شۇڭا ئىستېمالچىلار پەرقلەندۈرۈشتە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك.



# ئامېرىكا Seagate شىركىتى ساھەسىدىكى تۇنجى TB1 لىق شىفېرلىنىدىغان قاتتىق دىسكىنى ئېلان قىلدى

1TB Barracuda 7200.11 لىق قاتتىق دىسكىنى ئېلان قىلىپ بىر يېرىم ئايدىن كېيىن ئامېرىكا قاتتىق دىسكا ئىشلەش سەردارى Seagate يەنە بىر TB1 سىغىمدىكى ئۈستەل يۈزى قاتتىق دىسكىسىنى چىقاردى،ھەمدە Momentus 5400.2 FDE نىڭ يۆتكىلىشچان قاتتىق دىسكىغا قاتتىق دېتال ئارقىلىق شىفېر سېلىش تېخنىكىسىنى قوشتى.

Seagate شىركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە،Barracuda FDE (پۈتۈن دىسكىغا شىفېر سېلىش) يۈرۈشلۈك قاتتىق دىسكىلار كەسپىي ساھەدىكى تۇنجى ئەسلى AES شىفېر سېلىش تېخنىكىسىنى قوللايدىغان 3.5 سۇئلۇق ئۈستەل يۈزى قاتتىق دىسكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.بۇ خىل قاتتىق دىسكىدا ئىشلىتىدىغان سىستېما كومپيۇتېر قوزغالغاندا ئالدىنئالا يېتەكلەش(Pre-Boot) باسقۇچىنى ئېلىپ بېرىپ ئابونتنىڭ شىفېر كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ،ھەمدە ئەقلىي ئىقتىدارلىق كارتا،بىئولوگىيىلىك سېزىش قاتارلىق تېخنىكىلار ئارقىلىق سىستېما بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ.

Barracuda FDE يۈرۈشلۈك قاتتىق دىسكىلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سىغىمى TB1 ،ئايلىنىش سۈرئىتى RPM7200 بولۇپ،2008-يىلى بازارغا سېلىش پىلانلانغان.

بىرلا ۋاقىتتا Seagate شىركىتى يەنە يېڭى Momentus 5400.4 تىپلىق 2.5 سۇئلۇق خاتىرە كومپيۇتېر قاتتىق دىسكىسىنى ئىشلەپچىقارغان بولۇپ،گەرچە شىفېرلاش تېخنىكىسىنى قوللىمىسىمۇ،لېكىن سىغىمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا GB250 قا

پېتىدىكەن،ئايلىنىش سۈرئىتى RPM5400 ،ئېغىزى SATA 3Gbps بولغان بۇ قاتتىق دېسكىلار 2007-يىلى قىشتا بازارغا سېلىش پىلانلانغان.

# يۇمشاق دېتال سالونى

## كىنو ۋە ناخشىلارنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئويۇش دەرسلىكى

### ئاپتورى:يۇسۇپجان

1.قىسىم : قوشۇمچە دېتال ئىشلىتىپ ئويۇش ئۇسۇلى

ئەسسالام دوستلار ، هازىر توردا نۇرغۇن دوستلار DVD پىلاستىنكىسىغا قانداق قىلغاندا سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئەڭ ياخشى ،قانداق قىلغاندا كۆپ كىنو-فىلىم ھۆججەتلىرىنى سىغدۇرۇپ ئويغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ياردەملەرنى سوراۋاتىدۇ . لېكىن مۇشۇ ئۇسۇل توغرىلىق توردا ئېنىق چۈشەنچە بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەن تۆۋەندە دوستلارغا 2 خىل ئۇسۇلنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن .

1 – خىل ئۇسۇل يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قوشۇمچە يۇمشاق دېتالدىن پايدىلىنىپ DVD پىلاستىنكىسىغا سۈزۈكلۈكى ئەڭ ياخشى بولغان فىلىم ئويۇش ئۇسۇلى .

2 – خىل ئۇسۇل مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئىشلىتىپ ئەڭ كۆپ كىنو-فىلىم ھۆججەتلىرىنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئويۇش ئۇسۇلى .

مەن هازىر دوستلارغا بۇ دەرسلىكنىڭ 1- خىل ئۇسۇلنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.سىز ئەڭ ئاۋۋال كومپيۇتېرىڭىزغا 阿飛㊣的Real解码器 دېتالىنى قاچىلىشىڭىز كېرەك(توردىن شۇ هالقىلىق سۆز بىلەن بىۋاستە ئىزدىسىڭىز بولىدۇ). بۇ دېتالنى قاچىلىسىڭىز كومپيۇتېرىڭىزدا RM, RMVB شەكلىدىكى فىلىملەرنى Windows Media Player ئارقىلىق بىمالال قويۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە Nero يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق بۇ فىلىملەرنى ھەرقانداق ئوپتىك دېسكىغا ئويۇپ چىقىرالايسىز.بۇ

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

دېتالنىڭ كۆرۈنمە يۈزى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :




بۇ دېتال ـ سىغىمى كىچىك، ئىشلىتىش ئاسان ياخشى دېتال ، بۇ دېتالنى قاچىلىغاندىن كېيىن Windows Media Player ئارقىلىق **RM, RMVB** شەكىلدىكى فىلىملەرنى قويۇپ كۆرۈپ بېقىڭ . ئاندىن كېيىن **Nero StartSmart Essentials** **( Nero 7.0 )** نى قوزغىتىسز ، تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :




ئۈنىڭدىن كېيىن يۇقارقى تۇرلەردىن « ئۆزەم DVD ياسايمەن›› دېگەن تۈرنى تاللايسىز . ( قايسى تۈرنى تاللاش ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدا ، مەن بۇ نىڭدا DVD تۈرنى مىسالغا ئالدىم )ئاندىن تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ. بۇ تۈرلەردىن ‹‹فىلىم قوشۇش ›› نى تاللاپ كومپيۇتېرىڭىزدىكى توردىن چۈشۈرۈۋالغان ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ( باشقا فىلىملەر بولسىمۇ بولىدۇ ) RM , RMVB شەكلىدىكى فىلىملەرنى ئەكىرسىڭىز بولىدۇ .





يۇقارقى رايوننى چەككەندىن كېيىن،تۆۋەندىكىدەك كومپيۇتېردىكى كىنو-فىلىملەرنى كۆرستىپ بېرىش رامكىسى چىقىدۇ،بۇ يەردىن ئۆزىڭىز ئويماقچى بولغان فىلىملەرنى تېپىپ تاللاپ بېرىسىز.تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك:




ئۇيماقچى بولغان فىلمنى تاللىغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك رەسىم چىقىدۇ :



قاراڭ سىز كىرگۈزمەكچى بولغان RMVB ، RM شەكىلدىكى فىلىم كۆرۈنمىدى ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئەنسىرىمەڭ، رەسىمدىكى ‹‹ هۆججەت تىپلىرى ›› دېگەن يەردىن ‹‹ بارلىق هۆججەتلەر ›› دېگەن تۈرنى تاللىسىڭىز سىز ئويماقچى بولغان RM ، RMVB شەكىلدىكى فىلىم پەيدا بولىدۇ . تۆۋەندىكى رەسىمدىكەك :




ئەمدى سىز ئاشۇ RMVB ، RM شەكىلدىكى فىلىمنى Nero غا ئەكىرىسىز.

تۆۋەندىكى رەسىمدىكەك :





قاراڭ مانا ، سىز ئويماقچى بولغان RMVB , RM شەكىلدىكى فىلىم Nero بىمالال كىردى ، ئەمدى سىز كىينكى باسقۇچلىرىنى بېسىپ قويۇش تىزىملىكىنى تەھرىرلەپ ئۆيۈشنى باشلىسىڭىزبولىدۇ . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :



بۇ يەرنى ئۆزىڭىز خالىغانچە تەھرىرلىسىڭىز بولىدۇ.ئاندىن تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراڭ :

( بۇ باسقۇچنىڭ ئارقىسىدا يەنە باسقۇچلار بار مەن ئۇباسقۇچلارنى ئالمىدىم ، خاتىرجەم قىلىۋېرىڭ )




بۇ باسقۇچتا ئۆپتىك دىسكىنىڭ ئىسمىنى ، قايسى دىسكىغا ئويغۇچتا ئويدىغانلىقىڭىزنى،ئويۇش سۈرئىتىنى .....قاتارلىقلارنى ئۆزىڭىز بېكىتىپ چىقىسىز . ئەڭ ئاخىرىدا ئويۇشنى باشلىسىڭىز بولىدۇ . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :




شۇنىڭ بىلەن سىز بۇ دېسكىغا RMVB ، RM شەكىلدىكى فىلىملەرنى قىينالمايلا ئويۇۋالدىڭىز .

ئەسكەرتىش :

1. چوقۇم يۇقىرىدا دېيىلگەن دېتالنى توردىن چۈشۈرۈپ قاچىلىشىڭىز كېرەك.ئەگەر توردىن تاپالمىسىڭىز مەن ئەۋەتىپ بەرسەممۇ بولىدۇ .

2. بۇ باسقۇچلارنى بېسىپ بولغۇچە سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىشىڭىز كېرەك . چۈنكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچتا Nero بۇ فىلىملەرنى ئۆزى ئاپتوماتىك هالدا تەھرىرلەپ چىقىدۇ . بۇنىڭغا سەل ئۇزۇنراق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن .

3. بۇ ئۇسۇللار سىناقتىن ئۆتكەن ، سىز خاتىرجەم ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن 1 – قىسىم دەرسلىكىمىز مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى . 2 – قىسىم دەرسلىكىمىز يەنى مەخسۇس دىتال ئارقىلىق avi شەكىلدىكى كىنو فىلىملەرنى DVD دىسكىسىغا ئويۇش ئۇسۇلى سۆزلىنىدۇ .

تۈزگۈچى : يۈسۈپجان

توردىكى نامى : kulka52 (Bilik) kulka0997(intil , izdinix, xabnam , bilish)

ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانما ئادرېسى : kulka0997@126.com

QQ : 450363022

2007 – يىل 6 – ئاينىڭ 20 – كۈنى

# كىنو ۋە ناخشىلارنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئويۇش دەرسلىكى

## 2-قىسىم : مەخسۇس دېتال ئىشلىتىپ ئويۇش ئۇسۇلى

ئەسسالام دوستلار ، ھازىر توردا نۇرغۇن دوستلار DVD پىلاستىنكىسىغا قانداق قىلغاندا سۈزۈكلۈك دەرىجىسى ئەڭ ياخشى ، قانداق قىلغاندا كۆپ كىنو فىلىم ھۆججەتلىرىنى سىغدۇرۇپ ئويغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ياردەملەرنى سوراۋاتىدۇ . لېكىن مۇشۇ ئۇسۇل توغرىلىق توردا ئېنىق چۈشەنچە بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەن تۆۋەندە دوستلارغا 2 خىل ئۇسۇلنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن .

1 - خىل ئۇسۇل يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قوشۇمچە يۇمشاق دېتالدىن پايدىلىنىپ DVD پىلاستىنكىسىغا سۈزۈكلىكى ئەڭ ياخشى بولغان فىلىم ئۈيۈش ئۇسۇلى .

2 - خىل ئۇسۇل مەخسۇس يۇمشاق دېتال ئىشلىتىپ ئەڭ كۆپ كىنو فىلىم ھۆججەتلىرىنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئۈيۈش ئۇسۇلى .

مەن 1-قىسىم دەرسلىكتە 阿飛㊣的Real解码器 دېتالى ئارقىلىق توردىن چۈشۈرگەن RM ، RMVB شەكىلدىكى كىنو فىلىملەرنى DVD پىلاستىنكىسىغا ئۈيۈش ئۇسۇلىنى سۆزلىگەن .


ئەمدى مەن 2- قىسىم دەرسلىكىمىزدە مەخسۇس دېتال ئارقىلىق بىر دانە DVD پىلاستىنكىسىغا كۆپ فىلىم (20-30 قىچە ھەتتا ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ ) ئويۇش ئۇسۇلىنى سۆزلىمەكچىمەن .

سىز ئەڭ ئاۋۋال كومپيۇتېرىڭىزغا wismencoder دېتالىنى قاچىلىشىڭىز كېرەك . بۇ دېتالنى قاچىلىسىڭىز كومپيۇتېردا ساقلانغان ھەرقانداق شەكىلدىكى فىلىملەرنى بىمالال avi شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ ئاندىن Nero دېتالى ئارقىلىق بۇ فىلىملەرنى DVD دىسكىغا ئويۇپ چىقىرىش مەقسىدىڭىزگە يېتەلەيسىز . بۇ دېتالنىڭ قاچىلاش كۆرۈنمە يۈزى تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :





( دېتالنىڭ قاچىلىنىش جەريانىنى تەپسىلي سۆزلىمىدىم . مېنىڭچە دوستلار بىلىدۇ . قاچىلىنىش جەريانى باشقا دىتاللارنىڭ قاچىلىنىش جەريانى بىلەن ئوخشاش )

بۇ دېتالنى قاچىلىغاندىن كېيىن قوزغاتسىڭىز تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك كۆرۈنمە يۈزى پەيدابولىدۇ .





ئاندىن كېيىن بۇ دېتالغا قارىتا تەكشەش ئېلىپ بارىسىز.يەنى،كۆرۈنگەن رەسىمدىكى ‹‹配置向导›› دېگەن تۈرنى تاللاپ ئۇنى تەھرىرلەيسىز ( ئۆزىڭىز قانداق تەھرىرلىسىڭىز بولىۋېرىدۇ) تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :





سىز بۇنىڭدىن ‹‹ فىلىم ئېكرانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىگى ››،‹‹ قىسىش سۈرئىتى ››،‹‹ ئاۋاز سۈپىتى ››،‹‹ سۈرەت سۈپىتى ›› قاتارلىقلارنى ئۆزىڭىز خالىغانچە تەڭشىسىڭىز بولىدۇ . تۆۋەندىكى رەسىمدە مەن ئۆزەم تەڭشىگەن تەڭشەش شەكلى بار ، مۇشۇ تەڭشەش بويىچە قىلىسىڭىزئەسلى فىلىمنىڭ سۈزۈكلۈكى قانداق بولسا سىز ھاسىل قىلغان فىلىمنىڭ سۈزۈكلۈكىمۇ ئەسلى فىلىمنىڭ سۈزۈكلۈكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ .


تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :





بۇلارنى كۆڭلىڭىزدىكىدەك تەكشەپ بولغاندىن كېيىن ‹‹ ھۆججەت قوشۇش ›› كونۇپكىسىنى بېسىپ ئايلاندۇرماقچى بولغان فىلىمنى ئەكىرىسىز .(ھەرقانداق شەكىلدىكى فىلىم بولسا بولىۋېرىدۇ ،خاتىرجەم قىلىۋېرىڭ . ) تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :




يۇقارقى باسقۇچ تۈگەندىن كېيىن ئايلاندۇرماقچى بولغان فىلمنى ساقلايدىغان ئورۇننى تەڭشىۋالسىز . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :



ئاندىن كېيىن فىلىم ئايلاندۇرۇشنى باشلىسىڭىز بولىدۇ . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :





ئايلاندۇرۇپ بولغان فىلىمنى Nero يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق DVD پىلاستىنكىسىغا ئويسىڭىز بولىدۇ . ئويۇش ئۇسۇلى سەل ئوخشىمايدۇ . مەن تۆۋەندە ئويۇش ئۇسۇلىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي :

ئايلاندۇرۇپ بولغان فىلىمنى Nero يۇمشاق دېتالىنىڭ ساناقلىق مەلۇمات شەكلىدە ئويۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئويسىڭىز.يەنى تۆۋەندىكىدەك :


1 ـ قەدەم : Nero يۇمشاق دېتالىنى قوزغىتىپ ئۇنىڭدىن تۆۋەندىكى رەسىمدىكى تورنى تاللايسىز . (چوقۇم مۇشۇ تورنى تاللىشىڭىز كېرەك )




ئاندىن تۆۋەندىكى كۆزنەك كۆرۈنىدۇ.



بۇ كۆزنەكتىن ئۆزىڭىزنىڭ DVD پىلاستىنكىسىنىڭ سىغىمى قانچە بولغان بولسا شۇنى تاللاپ ئاندىن ئايلاندۇرۇپ بولغانبۇ فىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى تاللاڭ . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :





ئاندىن كېيىن مائۇسنىڭ ئوڭ كونۇپكىسى بىلەن تاللانغان بارلىق فىلىملەرنىڭ خاسلىقنى تەكشۈرۈڭ . تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك :



قاراڭ! جەمئىي قانچە دانە فىلىم كىرىپتۇ؟

يۇقارقى باسقۇچلارنى بېسىپ بولۇپ مۇناسىۋەتلىك تەڭشەشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن دىسكىغا ئۆيۈشنى باشلىسىڭىز بولىدۇ .




شۇنىڭ بىلەن سىز مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا بىردانە DVD پىلاستىنكىسىغا نۇرغۇنلىغان فىلىملەرنى ئۆيۈۋالدىڭىز . شۇنىڭ بىلەن بۇ دەرسلىكىمىزمۇ مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى. دوستلارنىڭ بىلمىگەن،چۈشەنمىگەن يەرلىرى بولسا ھەرقايسى تور بېكەتلەردىكى نامىمغا قىسقا ئۇچۇر ئەۋەتسە بولىدۇ . (توردىكى نامى : (Bilik) kulka52


(kulka0997(intil , izdinix, xabnam , bilish)

ياكى ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانما ئادرېسىمغا ۋە ياكى QQ رىمغا ئۇچۇر ئەۋەتىش ئارقىلىق سورسا بولىدۇ . مەن ئارام ئېلىش كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا ئاساسەن 8 سائەت توردا بار . .

ئەسكەرتىش :

1. سىز چوقۇم يۇقىرىدا دېيىلگەن دېتالنى توردىن چۈشۈرۈپ قاچىلىشىڭىز كېرەك . ئەگەر توردىن تاپالمىسىڭىز مەن ئېۋەتىپ بەرسەممۇ بولىدۇ .

4. سىز تۆۋەندىكى باسقۇچتا سەۋرچان بولىشىڭىز كېرەك :




بۇ باسقۇچتا 1-فىلىمنى ئايلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن 2- فىلىمغا ئاپتوماتىك ئالمىشىپ ئايلاندۇرىدۇ، لېكىن فىلىمنىڭ ھالەت ئەھۋالى ماشمايدۇ . ئەمما ئايلاندۇرۇپ بولغان فىلىمنىڭ بېشىغا بەلگە پەيدا بولىدۇ . شۇڭا سىز سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرۇشىڭىز كېرەك .

5. Nero دا ئايلاندۇرۇپ بولۇنغان فىلىملەرنى ئويغاندا چوقۇم يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇسۇل بويىچە مەشغۇلات قىلىشىڭىز كېرەك ، بولمىسا مۇۋەپپىقىيەتلىك ئويالماي قالىسىز .

6. بۇ ئۇسۇللار سىناقتىن ئۆتكەن ، سىز خاتىرجەم ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ . ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ . مەن مۇشۇ ئۇسۇللار بىلەن نۇرغۇن فىلىملەرنى DVD دىسكىسىغا ئويۇپ ساقلىۋالغان . ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇللار .

ئەڭ ئاخىرىدا ئەزىز دوستلارنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

تۈزگۈچى : يۈسۈپجان ( كۈلكە ) توردىكى نامى : kulka52 (Bilik)

QQ : 450363022　　kulka0997(intil , izdinix, xabnam , bilish)

ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانما ئادرېسى: kulka0997@126.com

2007 – يىل 6 – ئاينىڭ 21 – كۈنى

دوستىمىز يۈسۈپجاننىڭ قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بۇ ماقالىنى تورداشلار ھوزۇرىغا سۇنغانلىقىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# خاككېرلار رىۋايىتى

## Google نى ئىشلىتىپ ئۆزنى يوشۇرۇپ ئاچقۇچە خاككېرغا ئايلىنىش

Google دا ئىزدەشتە تەمىنلەنگەن بىر قىسىم جۈملىلەرنى ئىشلەتسەك بىزگە نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئۇچۇرلارنى تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ(ئەلۋەتتە باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئادەتلەنگەنلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ)،تۆۋەندە بىر قىسىم كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جۈملىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

intext :

بۇ بۇيرۇق بولسا تور بەتتىكى مەزمۇن ئىچىدىكى مەلۇم بىر ھەرپنى ئىزدەش شەرتى قىلىدىغان بۇيرۇقتۇر.مەسىلەن: google غا « intext: 动网 » نى كىرگۈزسەك «动网» دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تور بەتلەرنى ئاچىدۇ.

allintext ئىشلىتىش ئۇسۇلى intext بىلەن ئوخشاش .

intitle

intext بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ،تور بەت تېمىسىدىكى بىز ئىزدىمەكچى بولغان ھەرپنى ئىزدەيدۇ. مەسىلەن:« intitle: 安全天使 » دەپ ئىزدىسەك،تور بەت تېمىسى intitle: 安全天使 نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تور بېكەتلەرنى تاپىدۇ.

define :

مەلۇم سۆزنىڭ ئېنىقلىمىسىنى ئىزدەيدۇ، مەسىلەن: define: hacker دەپ ئىزدىسەك، hacker نىڭ ئېنىقلىمىسىغا دائىر ئۇچۇرلارنى چىقىرىدۇ.

filetype :

بۇ بۇيرۇق بولسا بەلگىلەنگەن تىپتىكى ھۆججەتلەرنى ئىزدەيدۇ،مەسىلەن: filetype: doc نى كىرگۈزسەك كېڭەيتىلگەن نامى doc بىلەن ئاخىرلاشقان بارلىق ھۆججەتلەرنىڭ ئادرېسىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە .bak،.mdb ياكى .inc نى ئىزدىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ،سىز ئېرىشىدىغان ئۇچۇرلار بەلكىم تېخىمۇ مول بولۇشى مۇمكىن.

info :

بەلگىلەنگەن بېكەتنىڭ بىر قىسىم ئاساسىي ئۇچۇرلىرىنى ئىزدەيدۇ.

inurl :

بىز بەلگىلىگەن ھەرپنىڭ URL ئىچىدە مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى ئىزدەيدۇ.مەسىلەن: inurl: admin نى كىرگۈزسەك مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان Nدانە ئۇلانمىنى چىقىرىپ بېرىدۇ: http: //www.xxx.com/xxx/admin

link :

مەسىلەن مۇنداق ئىزدىسەك: inurl: www.hackbase.com بارلىق

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

www.hackbase.com بىلەن ئۇلانما قىلغان URL نى چىقىرىپ بېرىدۇ.

: site

مەسىلەن www.hackbase.com :site بارلىق hackbase.com بىلەن مۇناسىۋەتلىك URL نى چىقىرىپ بېرىدۇ.

يەنە بەزى بەلگىلەرنىڭمۇ رولى چوڭ.

+ بولسا google سەل قارىغان ھەرپلەرنى ئىزدەش دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ.

- مەلۇم ھەرپنى تاشلىۋېتىدۇ.

~مەنىداش سۆز

. تاق ھالدا ماسلاشتۇرۇش بەلگىسى

* كۆپ ھەرپنى ماسلاشتۇرۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ

""ئېنىچكە ئىزدەش

تۆۋەندە ئەمەلىي قوللىنىشنى سۆزلەيمىز:

تۆۋەندىكىلەر بولسا google دىن ئىزدىگەن مەزمۇنلار،بىر ھۇجۇم قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغىنى بەلكىم مەخپىي نومۇر ھۆججىتى بولۇشى مۇمكىن .ئەمما google ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىزدەش ئىقتىدارى بىلەن بەزى سەزگۈر ئۇچۇرلارنى ئۇلارغا ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن.

google دىن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئىزدەپ بېقىڭ:

intitle: "index of" etc

intitle: "Index of" .sh_history

intitle: "Index of" .bash_history

intitle： "index of" passwd

intitle： "index of" people.lst

intitle： "index of" pwd.db

intitle： "index of" etc/shadow

intitle： "index of" spwd

intitle： "index of" master.passwd

intitle： "index of" htpasswd

.FrontPage-" inurl： service.pwd- #".

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# ئەپچىل چارىلەر

## خەنزۇچە Windows XP نى ئېنگلىزچە XP غا ئۆزگەرتىشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇلى

بەزى چاغلاردا خەنزۇچە Windows XP نى ئېنگلىزچە XP غا ئۆزگەرتش ئېھتياجمز تۇغۇلۇپ قالدۇ،باشتىن قاچلساق ئاۋارچلق ھېس قلمز.ئۇنداقتا باشقا ياخشراق ئۇسۇل بارمدۇ؟ئەلۋەتتە،بار.كونكېرت ئۇسۇلى تۆۋەندكدەك:

سستېما دسكسدكى تۆۋەندكى ھۆججەتلەرنى

C:\WINDOWS\system32\mydoCS.dll

C:\WINDOWS\Explorer.exe

C:\WINDOWS\system32\shell32.dll

C:\WINDOWS\system32\browselc.dll

C:\WINDOWS\system32\logonui.exe

ماس ھالدكى ئنگلزچە Windows XP دكى تۆۋەندكى ھۆججەتلەرنى

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

ئالماشتۇرۇۋەتسىڭىزلا بولىدۇ.

ئىنگلىزچە explorer.exe

ئىنگلىزچە shell32.dll

ئىنگلىزچە logonui.exe

ئىنگلىزچە browselc.dll

ئىنگلىزچە mydocs.dll

پۈتتى..................

ئىنگلىزچە ھۆججەتلەرنى بۇ ئادرېستىن چۈشۈرسىڭىز بولىدۇ:

http://sunjianlegend.gbaopan.com

دىققەت: سىستېمىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى ئىنگلىزچىگە ئۆزگىرىدۇ، بىراق مەلۇم قىسمىنى ئۆزگەرتىشكە ئامال يوق. ئەگەر تەلتۆكۈس ئۆزگەرتمەن دېسىڭىز ئەلۋەتتە تولۇق ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى قاچىلىسىڭىز بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، سىستېما دىسكىسىدىكى ھۆججەتلەر قوغدىلىدىغانلىقتىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارغا ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن، DOS تا مەشغۇلات قىلىش ئارقىلىق بۇمەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

# ئۆڭشىدىن-بۆڭشىدىن

# Windows ھەققىدە رىۋايەت

تەييارلىغۇچى: بورتالا ئوغلى (بىلىك)

بىلىك كۇلۇبىدىكى ئەزالىق نامى: FinalFantasy


## 3-باب ھۆكۈمرانلىق دەۋر

سودا (Windows NT) ۋە ئائىلە (Windows 9x) مەشغۇلات سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇرۇش سېپىدە بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن Microsoft شەخسىي كومپيۇتېر مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئاللىبۇرۇن پىششىق يېتىلگەن NT يادرو ئاساسىدا قۇرۇشنى ئويلىشىدۇ. ھالبۇكى بۇ قېتىملىق بۇرۇلۇش ھازىرغا قەدەر بازىرى ئەڭ ياخشى بولغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.


كومپيۇتېر مەستانىلىرى

# Windows XP

1999-يىلى، Windows 2000 تېخى ئېلان قىلىنمىغان چاغدىلا، Microsoft Windows 2000 ئائىلە نۇسخىسى، يەنى كود نامى "Neptune" بولغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى بازارغا سېلىش مەقسىتىدە بولدى. ئەپسۇسكى، بۇ پىلان ئۇنىڭ Alpha نەشرىنى (شىركەت ئىچكى قىسمىدا سىناق قىلىدىغان نەشرى بولۇپ ئاممىۋى Beta سىناق نەشرىدىن ئاۋۋالقى نەشرى) چىقىرىشى بىلەنلا بەختكە قارشى چاچراپ كېتىپ كىيىنكى ئائىلە مەشغۇلات سىستېمىسى، يەنى Windows Me، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا Windows 9x مەھسۇلات لىنىيىسىگە قويۇلدى. بىراق، Microsoft Windows 2000 نىڭ ئائىلە نۇسخىسىنى قوزۇپ چىقىش مەقسىتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە، "Neptune" نىڭ ئورنىنى كود نامى "Whistler" بولغان مەھسۇلات، يەنى كىيىنكى Windows XP ئالدى. شۇ چاغدىكى تارقىلىپ يۈرگەن سۈرەتلەرگە قارىغاندا، Neptune نىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى Whistler نىڭ Beta نۇسخىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.




[Windows Neptune]




[Windows Whistler Beta1]

[ئىزاھ: Windows XP نىڭ سىستېما مۇندەرىجىسىدىن rsmui.exe ھۆججىتىنى تېپىپ، ئۇنىڭ خاسلىقلىرىغا قارايدىغان بولساق Whistler دېگەن خەتنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.]




[Windows XP مەھسۇلات بولىقى]




[Bill Gates New York كوچىلىرىغا چىقىپ Windows XP نىڭ سېتىلىشىنى تېزلەتمەكتە]

Windows XP 2001-يىلى 8-ئاينىڭ 24-كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىندۇ. بۇ قېتىم مەھسۇلات نامى يىل نامى بىلەن قويۇلمايدۇ. XP "سەرگۈزەشت" مەنىسىدە بولۇپ، ئېنگلىز تىلىدىكى eXPerience سۆزىدىن كەلگەن. Windows XP نىڭ نەشر نومۇرى 5.1 (يەنى Windows NT 5.1) بولۇپ، دەسلەپتە پەقەت كەسپىي نۇسخىسى (Professional) بىلەن ئائىلە نۇسخىسى (Home Edition) دىن ئىبارەت ئىككى خىل نۇسخىسىلا ئېلان قىلىنىپ، كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ۋاستە مەركىزى نۇسخىسى (Media Center Edition)، تاختا كومپيۇتېر نۇسخىسى (Tablet PC Edition)، قىستۇرما نۇسخىسى (Embedded)، 64 بىتلىق نۇسخىسى (x64 Edition)، باشلانغۇچ نۇسخىسى (Starter Edition) ۋە تۆۋەن سەپلىمىلىك PC لار ئۈچۈن مەخسۇس تارقىتىلغان ئىخچام نۇسخىسى (Fundamentals for Legacy PCs) قاتارلىق بىر قاتار نۇسخىلار ئېلان قىلىندۇ. Windows XP Windows 2000 غا قارىتا ئۇرغۇنلىغان ئادىمىلەشكەن يېڭىلاشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە ئىشلەتكۈچىلەرگە بولغان ماسلىشىشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇردۇ. Windows XP Windows Me

دىكى كۆپ سانلىق دېتاللارغا ۋارسلىق قىلىدۇ ھەمدە يېڭىلاش ئېلىپ بارىدۇ، بۇلار Windows Medial Player، Movie Maker، Windows Messenger، ياردەم مەركىزى ۋە سىستېما ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، Internet Explorer 6.0 بىلەن ئاددىيلاشتۇرۇلغان ئوتتامىۇ Windows XP گە باغلىنىدۇ. ھالبۇكى، كۆنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان قوشۇمچە ئىقتىدارلار Microsoft نى باشقىلارنىڭ گۇمانىغا قويىدۇ. Windows XP پۈتۈنلەي يېڭىلانغان ئىشلەتكۈچى يۈزىگە ئىگە بولۇپ، بۇ 95 Windows دىن كېيىن Microsoft نىڭ Windows نىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئەڭ چوڭ "ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى" ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، Microsoft Windows XP ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قاتتىق دېتال قوزغاتقۇچى پروگراممىلىرىنى يېزىپ، ئۇنىڭ سىغىشىشچانلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردۇ. يۇمشاق دېتال سىغىشىشچانلىقى بۇ قېتىمقى يېڭىلاشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، "سىغىشىشچانلىق" ئىقتىدارى ئەسلىدە Windows 2000 دا ئىجرا بولمايدىغان نۇرغۇن Windows 9x پروگراممىلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىچىدىن سەپلەنگەن DirectX 8.1 بولسا Windows XP نىڭ ئويۇنلارغا بولغان قوللىشىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردۇ. ئەمما، Windows XP نىڭ ئېچىلىش دەۋرى قىسقا بولغاچقا، يادروسىدا Windows 2000 غا قارىتا كۆپ ئەمەلىي ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. كېيىنكى NT ۋىرۇسلىرى ئەۋجگە چىققان كۈنلەردە Windows XP مۇ بالايى ئاپەتتىن ساق قالالمايدۇ. بۇ خىل ئوسال ئەھۋال تاكى 2004-يىلدىكى Windows XP SP2 (Service Pack 2) گە كەلگەندىلا ئاندىن ئاجىزلىشىدۇ.




[Windows XP قاچىلاش يۈزى]



**[Windows XP ئۇستەل يۈزى]**

ئالـدىنقى بىـر نەچـچە Windows سـاختا نەشـرىنىڭ ئـازاپ-ئوقـۇبەتلىرىنى تـويغىچە تارتقـان Microsoft بۇ قېتىم Windows XP نىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. 30 كۈنلۈك سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئىشلەتكۈچى چوقۇم تېلېفون ياكى تـور ئـارقىلىق Windows XP نى "ئاكتىپلاش" تەلەپ قىلىندۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، داۋاملىق ئىشلىتىش هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قاتتىق تەنقىد قىلىشىغا ئۇچراپ، كېيىنكى كـۈنلەردە Internet تىكى "يېـشۋېتىلگەن" يـاكى "ئـاكتىپلاش هاجەتـسىز" Windows XP نـىڭ يـامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىردۇ.




**[Windows XP بىخەتەرلىك مەركىزى]**

Windows 95 كە ئوخشاش بۇلاپ-تالاپ سېتىۋېلىشتەك مەنزىرە كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن Windows XP يەنىلا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، Windows XP كۆنسېپىرى ئومۇملىشىپ، بازاردىكى ئىگەللەش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئاساسىي ئىقىم مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكا نەتىجىسىنىڭ كۆرسىتىشىچە، دۇنيادىكى 400 مىليوندىن ئارتۇق كومپيۇتېرغا Windows XP قاچىلانغان.

# Windows Server 2003

يېڭى بازار سىستېمىسى شەكىللەنگەندىن كېيىن، Microsoft ئەسلىدىكى NT يۇقىرىقى ئۇچتىكى مەھسۇلاتلىرىنى Windows Server ئائىلىسى قىلىپ ئايرىيدۇ. بۇ بىر قاتار مەھسۇلاتلارغا شەخسلەرگە قارىتىلغان NT سىستېمىلىرى، مەسىلەن Windows XP، دىن پەرقلىنىپ، يىل نامى بىلەن نام بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا، Windows Server 2003 بىلەن Windows XP بىر دەۋرگە تەۋە مەھسۇلاتلار ھېسابلىنىدۇ. Windows Server 2003 نىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى كود نامى "Whistler Server" بولۇپ، كېيىن "Windows .NET Server" دەپمۇ ئاتالغان. Windows Server 2003 2003-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي نەشر نومۇرى 5.2. ئوخشاش بولمىغان سودا ئېھتىياجلىرىغا قارىتا، Windows Server 2003 نۇسخىلىرى تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىلىپ، Web نۇسخىسى، ئۆلچەملىك نۇسخىسى، كارخانا نۇسخىسى، سانلىق مەلۇمات مەركىزى نۇسخىسى قاتارلىق 4 نۇسخىسى تارقىتىلىدۇ. Windows 2000 دىكى ئاكتىپ مۇندەرىجە، گۇرۇپپا ستراتېگىيىسى ۋە باشقۇرۇش، دىسكا باشقۇرۇشتەك نۇرغۇن مۇلازىمېتىر دېتاللىرىغا قارىتا چوڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، Windows Server 2003 نىڭ مۇقىملىقى بىلەن بىخەتەرلىكىدە


ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەشلەر بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، IIS 6 (Internet Information Service) نىڭ مەيدانغا كېلىشى Windows Server 2003 نىڭ Web مۇلازىمېتىرى بولۇش سۈپىتىدىكى ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. Microsoft 2005-يىلىنىڭ ئوتتۇرىدا، Windows Server 2003 نىڭ بىرىنچى مۇلازىمەت بولقىنى (Service Pack 1) ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن Windows XP SP2 دىكى بىخەتەرلىك يېڭىلاشلارنى تەمىنلەيدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، Microsoft يەنە ئەسلىدىكى نۇرغۇن نەشرىلىرىدە كۆرۈلمىگەن يېڭى ئىقتىدارلارنى قوشۇپ Windows Server 2003 R2 نەشرىنى ئېلان قىلدى. ئەمما، خېرىدارلار ھەقسىز ئەمەس، بەلكى ھەق تۆلەپ ئاندىن R2 نەشرىگە يېڭىلىيالايدۇ.




[Windows 2003 قوزغىلىش سۈرىتى]

دەل Windows Server 2003 دىن باشلاپ، يۇقىرىقى ئۈچتىكى مۇلازىمېتىر بازىرىدا Microsoft ھەقىقىي يوسۇندا يېتەرلىك رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە مەشغۇلات سىستېمىسى مەھسۇلاتىغا ئىگە

بولىدۇ.




[Windows Server 2003 مۇلازىمېتېرىنى باشقۇرۇش تاللاشلىرى]


## Windows Vista

Windows Vista نىڭ كود نامى "Longhorn" بولۇپ، دەسلەپتە Windows XP بىلەن Windows Vista دىن كېيىنكى مەشغۇلات سىستېمىسى (يەنى "Vienna") ئارىلىقىدىكى 2003-يىلى ئېلان قىلىنىدىغان ئۆتكۈنچى شەخسىي مەشغۇلات سىستېمىسى دەپ بېكىتىلىدۇ. بىراق، كېيىن بازارغا نىسبەتەن كۆپلىگەن ئىقتىدارلارنىڭ قوشۇلۇشى سەۋەبىدىن، ئېلان قىلىنىش پىلانى نەچچە قېتىم كەينىگە سۈرۈلۈپ، ھەتتاكى بەزىلەرنىڭ "مەڭگۈ ئېلان قىلىنالمايدىغان مەھسۇلات" دېگەندەك مەسخىرىسىگە ئۇچرايدۇ. 2004-يىلغىچە، Longhorn نىڭ تېخى تۈزۈك Beta نۇسخىسىمۇ ئېلان قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، Microsoft Longhorn دىكى قىسمەن ئىقتىدارلارنى چېپىپ تاشلاپ،

Longhorn نى "ئورۇقلىتىدۇ". 2005-يىلى 7-ئايدا، Longhorn رەسمىي يوسۇندا Windows Vista دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدى (نەشر نومۇرى 6.0). بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، Microsoft Windows Vista نىڭ Beta1 نۇسخىسىنى ئېلان قىلىپ، ئارقىدىن ئىككىنچى يىلى 5-ئايدا پۈتۈن ئىقتىدارلارغا ئىگە Beta2 نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى. ھازىر، Windows Vista نىڭ ئېچىش خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، 11-ئايدا كارخانا نۇسخىسى ئېلان قىلىندى. ئادەتتىكى ئىشلەتكۈچىلەرگە قارىتىلغان پارچە سېتىلىش نۇسخىسى (خۇدايىم بۇيرىسا) 2007-يىلى 1-ئايدا ئېلان قىلىنىدۇ. ھازىرقى پىلانغا ئاساسلانغاندا، شۇ ۋاقىتتا Windows Vista نىڭ 6 خىل ئوخشىمىغان نەشرى بولىدۇ، ئۇلار بولسا: Starter (باشلانغۇچ نۇسخىسى)، Home Basic (ئائىلە ئاساسىي نۇسخىسى)، Home Premium (ئائىلە ئالاھىدە ياخشى نۇسخىسى)، Business (سودا ئىشلەتكۈچىلىرى نۇسخىسى)، Enterprise (كارخانا ئىشلەتكۈچىلىرى نۇسخىسى) ۋە بارلىق ئىقتىدارلىرى تەل بولغان Ultimate (ئەڭ كۆپ ئىقتىدارلىق نۇسخىسى) قاتارلىقلار.




[Windows Longhorn نىڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئاشكارىلىنىپ قالغان build 3683 نۇسخىسى]





[Windows Vista نىڭ قاچىلاش يۈزى]

Windows Vista نۇرغۇن يېڭى ئىقتىدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئىزدەش ۋە ئۆچۈرۈلارنى تەشكىللەش ئۇسۇلى، يېڭى .NET رامكىسى (.NET Framework 3.0، ئەسلى پىلاندىكى نامى WinFX) ، پۈتۈنلەي يېڭى Aero ئىشلەتكۈچى يۈزى، يېڭى قوشۇلغان يان ستون (Windows Sidebar) ، يېڭىلانغان سىستېما ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلار بار. بۇلار بىلەن بىرگە، Internet Explorer 7.0 بىلەن Windows Media Player 11 شۇنداقلا باشقا كلاسسىك قوللىنىش پروگراممىلىرىمۇ پۈتۈنلەي يېڭىلىنىدۇ. سىستېما بىخەتەرلىكى جەھەتتىمۇ، Microsoft مىسلىسىز تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. UAC (ئىشلەتكۈچى ھېساباتىنى كونتروللاش) ،

IE قوغداش هالىتى، Windows Defender (جاسۇسلۇق پروگراممىلىرىغا قارشى تـۇرۇش) ، يـادرونى قوغـداش (64 بىتلىـق سـىستېما) قاتـارلىق ئىقتىـدارلارنىڭ قوشۇلـۇشى Windows Vista نـىڭ بىخەتەرلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇندىن باشقا، Windows PE (قاچىلاشتىن بۇرۇنقى مۇهىت) نىڭ قوللىنىلىشى قاچىلىنىش ۋاقتىنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنـىڭ جەريـانىنىمۇ ئاددىيلاشتۇرىدۇ. كۆپ سانلىق ئىشلەتكۈچىلەر 30 مىنۇتتىلا يەتمىگەن ۋاقىـت ئىچىـدىلا سـىستېمىنىڭ ئورنىتىلىشىنى تاماملاپ بولىدۇ.




[Windows Vista ئۆستەل يۈزى]





[Windows Vista دىكى Internet Explorer]


كۆتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپلا قالمىسا، Windows Vista نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى بىر قېتىملىق قاتتىق دېتال يېڭىلىنىش دولقۇنى يېتىپ كېلىدۇ. ئېچىش دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان Windows مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، Windows Vista چوقۇم كەلگۈسىدىكى بازاردا ئەڭ مۇھىم مەشغۇلات سىستېمىسىغا ئايلىنىدۇ...

# Windows Server 2007

Windows Server 2003 نىڭ ۋارىسى بولۇشى سۈپىتى بىلەن، Windows Vista نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، Microsoft نىڭ تەڭ دەرىجىدىكى مۇلازىمېتېر مەشغۇلات سىستېمىسىمۇ بىزگە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە. بۇ مەھسۇلاتنىڭ كود نامى "Longhorn Server" بولۇپ، ۋاقتىلىق بېكىتىلگەن ئېلان قىلىنىش نامى Windows Server 2007. ئۇنىڭدىكى بىزگە مەلۇم بولغان يېڭىلىنىشلاردىن يېڭى ياماق تېخنىكىسى (غەيرى يادرو يامىقىنى قاچىلىغاندىن كېيىن كومپيۇتېرنى قايتىدىن قوزغىتىش ھاجەتسىز)، IIS 7.0 ۋە يىراق مۇساپىلىق مۇلازىمەت دېتالى (RDP 6.0) لار بار بولۇپ، بۇ يېڭى ئىقتىدارلار مۇلازىمېتېر مەشغۇلات سىستېمىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. "Server Core" دەپ ئاتالغان تېخنىكىمۇ Longhorn Server نىڭ ھالقىلىق ئىقتىدارىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئىنتايىن ئىخچام Windows مۇلازىمېتېر سىستېمىسى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا Windows Explorer ۋە Internet Explorer گە ئوخشاش ئادەتتىكى Windows دېتالى بولمايدۇ، ئىشلەتكۈچىلەر بۇيرۇق قۇرى ياكى يىراق مۇساپىلىق كونترول سۈپىتى ئارقىلىق باشقۇرالايدۇ. بۇ تېخنىكا رولى ئاددىي مۇلازىمېتېرلار ئۈچۈن قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.




[ئۈستەل يۈزى Windows 2007]




[IIS 7.0]

# كەلگۈسىگە نەزەر...

Microsoft دۇنيادىكى بازىرى ئەڭ ئىتتىك مەشغۇلات سىستېمىسى بولغان Windows ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە ئېچىش خىزمىتىنى ھەرگىز توختاتمايدۇ. سىز Windows Vista دىن كېيىنكى مەشغۇلات سىستېمىسى قانداق بولار، دەپ قىزىقىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، Microsoft 2000-يىلى ئاللا بۇرۇن بۇ پىلان ئۈستىدە چوت سوقۇشنى باشلاپ، بۇ مەھسۇلاتقا "Blackcomb" دەپ كود نامى بېرىدۇ. بۇ يەردە تېخى بەزى قىزىقارلىق ئىشلار مۇ بار بولۇپ، Microsoft نىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر نەچچە مەھسۇلاتنىڭ كود نامىدا مەلۇم باغلىنىش بار. Vancouver (Canada دىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى) نىڭ غەربىي قىسمىدا غەربىي ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئېسىل قار تېيىلىش مەيدانى بار بولۇپ، ئۇ يەر Microsoft نىڭ خادىملىرى ئەڭ ئامراق دەم ئېلىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئەڭ داڭلىق ئىككى تاغ بار بولۇپ، ئۇلار Whistler تېغى بىلەن Blackcomb تېغىدىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇمكى، Whistler بولسا Windows XP نىڭ كود نامى، ھالبۇكى Longhorn بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى بىر كىچىك قاۋاقخانا بولۇپ، قار تېيىلغۇچىلار Whistler تېغىدىن تېيىلىپ چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىسى بۇ قاۋاقخانىغا كېلىپ بىر ئاز دەم ئېلىۋالىدۇ، ئارقىدىنلا Blackcomb تېغىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. تەبىئىيلا، Longhorn نىڭ ۋارىسىنىڭ ئىسمى Blackcomb بولۇپ قالىدۇ. 2006-يىلى Microsoft بۇ مەھسۇلاتنىڭ كود نامىنى "Vienna" غا ئۆزگەرتىدۇ. ئۇنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتى تەخمىنەن 2009-20012 يىللار ئەتراپىدا...

Longhorn پىلانىدىكى ستراتېگىيىلىك سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن، Microsoft توپ-توغرا 5 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتىنى تاماملايدۇ. بۇ بىر كارخانا ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ياخشى ئىش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، تېخىمۇ كۆپ بۆلەكلەرگە ئايرىلغان Windows كۈندىلىك ئىش تەرتىپىگە قويۇلىدۇ. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى : مەشغۇلات سىستېمىسىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئايرىۋېتىپ، ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى يۈز (interface) ئارقىلىق ئالاقىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق

ئۇيغۇر كومپيۇتېر مەستانىلىرى

قىلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ پايدىسى بولسا بىر قېتىمدىلا پۈتۈن مەشغۇلات سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش ھاجەتسىز. Vienna دىكى مەۋھۇملاشتۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلار بىزگە تونۇش بولغان مەشغۇلات سىستېمىسىنى تېخىمۇ فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىدىن باشقا، Longhorn پىلانىدا چىقىپ تاشلانغان ئىقتىدارلارمۇ بۇ مەشغۇلات سىستېمىسىدا باشتىن مەيدانغا چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ Vienna غا ئائىت بىلىدىغىنىمىز ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، پەقەت بەزىبىر تەسەۋۋۇرلارنىلا قىلالايمىز، خالاس. بىراق، شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، Microsoft نىڭ ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا كۈچى بويىچە، بۇ مەشغۇلات سىستېمىسى ناھايىتى ئارزۇلۇق Windows مەشغۇلات سىستېمىسى بولغۇسى...

[ئىزاھ: تېخىمۇ كۆپ كونا Windows نەشرلىرىنىڭ سۈرىتىگە قىزىقسىڭىز، www.winhistory.de تور پونكىتىنى زىيارەت قىلىڭ. (نېمىس تىلىدىكى تور بېكەت)]

(تۈگىدى)

***بىلىك كۆلۈبىدىكى دوستىمىز «بورتالا ئوغلى» نىڭ بۇ 3 قىسىملىق ماقالىنى ئېرىنمەي تەرجىمە قىلىپ چىقىپ،دوستلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگىنىگە رەھمەت.***

*ژورنال ئىشلىگۈچى:سەزگۈر(sazgur)،مەخمۇتجان*

*ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى:* ***sazgur617@163.com***

***QQ:359463358***

*ھۆرمەت بىلەن:شىنجاڭ پروگراما ھەۋەسكارلىرى كۇلۇبى*